# شەكلىۋازلىق ئىللەتلىرىنى تۈگىتىش ئاساسىي قاتلامنىڭ ئېغىر يۈكىنى يېنىكلىتىش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«بۇ خىزمەت يامان ئەمەس ئىشلەندى، لېكىن پەقەت بىر يىلنىڭلا ئىشى بولۇپ قالماسلىقى كېرەك، ئىش باشلىنىپ بولدى، ئەمدى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇش كېرەك، تۈگىمەس ھۆججەت، ئۈزۈلمەس يىغىننىڭ بىر ۋاقىتلارغا كەلگەندە يەنە قايتا باش كۆتۈرۈشىگە يول قويماي، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش خىزمىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كېڭەيتىپ، يۈكنى يېنىكلىتىش نەتىجىلىرىدىن خەلق ئاممىسىنى تېخىمۇ ياخشى نەپكە ئېرىشتۈرۈش كېرەك».

شۇ يىلى يىل ئاخىرىدىكى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ ھەم «ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش يىلى» باشلانغان شۇ يىلدىكى خىزمەت نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى خۇلاسىلىدى، ھەم 2020 ـ يىلدىكى ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشقا ئېنىق يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى، بۇنىڭ بىلەن يېڭى بىر يىلدىكى ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش خىزمىتىنىڭ يېڭى مۇساپىسى باشلاندى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ شۇنى چوڭقۇر بىلدۈكى، شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىق ئىللەتلىرى بىر كۈندىلا شەكىللەنگەن ئەمەس، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يىلتىزىدىن يېنىكلىتىشتە بىر كۈندىلا ئۇتۇق قازانغىلى بولمايدۇ. پەقەت ئىدىيەدە يۈكسەك ئەھمىيەت بەرگەندىلا، ئاندىن ھەرىكەتتە سىجىل ئەمەلىي تۇتقىلى، پۇختا تۇتقىلى بولىدۇ.

2020 ـ يىلى يېڭى يىل كىرىشى بىلەنلا، باش شۇجى شى جىنپىڭ مەركەزنىڭ ئۇدا ئىككى قېتىملىق مۇھىم يىغىنىدا كەڭ كادىرلارغا شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىق ئاگاھ سىگنالىنى ياڭراتتى.

2020 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خۇلاسە يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ دەل جايىدا مۇنداق كۆرسەتتى: «بەزى جايلاردا شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىق، ئىشنى پۈتكۈزۈشكە ئالدىراش، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنى قوغلىشىش، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىش قاتارلىق ئەھۋاللار يەنىلا مەۋجۇت».

بىرنەچچە كۈندىن كېيىنكى 2020 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ يەنە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى: «ئېنىق تۇرۇم يۆنىلىشى ئارقىلىق كادىرلارنىڭ ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىدىغان پۈت ـ قولىنى شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىقنىڭ ئاسارىتىدىن، ‹سىرتمىقى›دىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىپ، راستچىل ـ ئەمەلىيەتچىل، پاك ـ دۇرۇس بولغان يېڭى ئىستىل، دۇرۇس كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك».

كۈچلۈك، قاتتىق چارە ـ تەدبىرلەر، جاراڭلىق سۆزلەر. يېڭى يىلنىڭ بېشىدىكى ئىككى قېتىملىق مۇھىم سۆز يەنە بىر قېتىم پۈتۈن پارتىيەگە شۇنى تەنتەنىلىك جاكارلىدى ــــ ئىستىل قۇرۇلۇشى مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ، شەكلىۋازلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا جەزمەن توختىماي تىرىشىش، پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش يىلىدا، تۇيۇقسىز تارقالغان يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى بىر مەھەل ئالدىرىتىپ قويدى، كۆپچىلىكنىڭ خىزمىتى ئىنتايىن جاپالىق بولدى. يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئاچقۇچلۇق پەيتىدە، بەزى شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىق مەسىلىلىرىنىڭ يوشۇرۇن، ئۆزگەرگەن، قايتا باش كۆتۈرگەن ئالامەتلىرى يەنە كۆرۈلدى.

«بەزى جايلاردىكى شەھەرلىك، ناھىيەلىك سەھىيە ـ ساغلاملىق ئىدارىسى، جىددىي تاقابىل تۇرۇش ئىدارىسى، ھۆكۈمەت ئىشخانىسى، ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتى ئىشخانىسى، ئاياللار بىرلەشمىسى، مائارىپ ئىدارىسى، يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا ئىدارىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئالدىغا بىر ياكى بىرنەچچە جەدۋەل تۈزۈپ چىقىپ، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ تولدۇرۇشىنى ھەم تېزدىن يوللىشىنى تەلەپ قىلغان، بۇ جەدۋەللەرنىڭ مەزمۇنى ئەمەلىيەتتە ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ، لېكىن بىرمۇ ھۆججەت، بىرمۇ تارماقنىڭ يېزا ـ بازارلار جىددىي ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان ھېچبولمىغاندا بىرەر ماسكا، بىرەر قۇتا دېزىنفېكسىيە سۇيۇقلۇقى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بەرگىنى يوق»!

2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ بىر قىسىم رايونلاردا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش داۋامىدا كۆرۈلگەن شەكلىۋازلىق مەسىلىسىنى قاتتىق تەنقىد قىلدى.

باش شۇجى مۇنداق تەكىتلىدى: «ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى تېخىمۇ كۆپ زېھنىنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سېپىگە قارىتىدىغان قىلىش كېرەك، شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىق ئۇسۇلى بىلەن ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى ئېغىرلىتىۋېتىشكە، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش زېھنىنى خورىتىۋېتىشكە بولمايدۇ».

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىدىن، باش شۇجى شى جىنپىڭدىن كەلگەن ئىللىقلىق، غەمخورلۇق يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە جەڭ قىلىۋاتقان ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى تېخىمۇ ئىلھاملاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ يۇقۇم ئالۋاستىسىغا قارشى ئاداققىچە كۈرەش قىلىش ئىرادىسى ۋە ئىشەنچىسىنى كۈچەيتتى.

2020 ـ يىلى ئىنتايىن پەۋقۇلئاددە بىر يىل بولدى. مەيلى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاش بولسۇن، ياكى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش بولسۇن، ھەربىر تۈرلۈك ۋەزىپىنىڭ ھەممىسى قاتتىق قىيىنچىلىق بولۇپ، كەڭ ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ ئېسىل ئىستىل ئارقىلىق مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئېلىشىغا، غەلىبە قىلمىغۇچە قايتماسلىقىغا موھتاج.

2020 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرى، باش شۇجى شى جىنپىڭ جېجياڭغا كېلىپ تەكشۈرۈشتە بولدى.

«جېجياڭنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنىڭ تېز ئەسلىگە كەلگەنلىكى، بىر قىسىم جايلاردا نورمال گۈللىنىش مەنزىرىسىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى»دىن مەمنۇن بولۇش بىلەن بىللە، باش شۇجى شى جىنپىڭ يەنە بىر قېتىم مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «بۇ قېتىمقى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش كۈرىشى ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ پارتىيەنى باشقۇرۇش، پارتىيەنى ئىدارە قىلىش سەۋىيەسى، رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە پارتىيەلىك كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى سەۋىيەسىنى سىنايدىغان ھەقىقىي سىناق»، «دىققەتنى شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىق مەسىلىلىرىگە مەركەزلەشتۈرۈپ ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىش، نىشانلىق داۋالاشنى قانات يايدۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى ھەقىقىي يېنىكلىتىپ، كادىرلارنى تېخىمۇ كۆپ ۋاقىت ۋە زېھنىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇشقا سەرپ قىلدۇرۇش كېرەك».

شۇنىڭدىن باشلاپ «كادىرلارنى تېخىمۇ كۆپ ۋاقىت ۋە زېھنىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇشقا سەرپ قىلدۇرۇش» 2020 ـ يىلى ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش خىزمىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، كېڭەيتىشكە سىڭدۈرۈلگەن ئاساسىي لىنىيەگە ئايلاندى.

بىر يىلدىن بۇيان، مەيلى مۇھىم يىغىنلارغا قاتناشسۇن ياكى جايلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈشتە بولسۇن، باش شۇجى شى جىنپىڭ باشتىن ـ ئاخىر ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى ــــ

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى ئالدىدا، باش شۇجى مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: «ھەرقايسى لىنىيەلەردە ئاساسىي قاتلامغا كۆپ تەرەپتىن، قايتا ـ قايتا ۋەزىپە چۈشۈرۈش، جەدۋەل تەلەپ قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىق ئۇسۇللىرىنى قەتئىي تۈزىتىپ، كەڭ ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى تېخىمۇ كۆپ زېھنى كۈچىنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ بىرىنچى سېپىدىكى خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇشقا سەرپ قىلدۇرۇش كېرەك».

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشتا، باش شۇجى مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىپ، خىزمەت، تۇرمۇش، بىخەتەرلىك قاتارلىق ھەرقايسى جەھەتلەردىكى كاپالەتنى ياخشى ئىشلەپ، ئاساسىي قاتلامدىكى نامراتلارنى يۆلەش كادىرلىرىنى باشقىچە خىياللاردا بولماي يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىگە ئاتاندۇرۇش كېرەك».

ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشتا، باش شۇجى مۇنداق چاقىرىق قىلدى: «خەلق ئۈچۈن بەخت يارىتىشنى ئەڭ مۇھىم سىياسىي نەتىجە قىلىپ، كادىرلارنى مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىشقا رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىققا قەتئىي قارشى تۇرۇش كېرەك»...

بەزى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكى زىيادە ئېغىر بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ئىزچىل تۈردە ئەھمىيەت بېرىشىدىن بىز پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىشەنچى ۋە غەمخورلۇقىنى ھېس قىلدۇق، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىقتىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى ئاخىرغىچە چىڭ تۇتىدىغان كۈچلۈك غەيرىتى ۋە قەتئىي ئىرادىسىنى كۆردۇق».

### ئاخىرغىچە چىڭ تۇتۇش: ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش خىزمىتى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى، كېڭەيتىلدى

«‹ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش يىلى› ئاساسىي قاتلامنىڭ نۇرغۇن يۈكىنى ھەقىقەتەن يېنىكلەتتى، لېكىن يەر يۈزىنىلا نەمدىگەن يامغۇر بولۇپ قېلىپ، شامال ئۆتۈپ كەتسىلا قايتا باش كۆتۈرەمدۇ ـ يوق؟» دېگەن بۇ مەسىلە بىر مەھەل ئاساسىي قاتلامدىكى نۇرغۇن كادىرنىڭ كۆڭلىنى «دېلىغۇل» قىلدى.

2020 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، بىر ۋاراق ئۇقتۇرۇش كەڭ ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىغا «خاتىرجەم قىلىش كۈملىچى» يېگۈزدى ــــ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بەنگۈڭتىڭى «ئاساسىي قاتلامنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇۋاتقان شەكلىۋازلىق مەسىلىلىرىنى سىجىل ھەل قىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشنى كۈچلۈك ئىستىل كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى بېسىپ تارقاتتى.

«شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى تۈگىتىشنىڭ ئىدىيەۋى ـ سىياسىي ئاساسىنى سىجىل پۇختىلاش» «پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى شەكلىۋازلىق مەسىلىلىرىنى قەتئىي تۈزىتىش» «تۈگىمەس ھۆججەت ۋە ئۈزۈلمەس يىغىننىڭ قايتا باش كۆتۈرۈشىنىڭ ھەقىقىي ئالدىنى ئېلىش»...

سەككىز جەھەتتىكى تەلەپ جاراڭلىق بولۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مىخ قېقىش روھى ئارقىلىق ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش خىزمىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، كېڭەيتىشتىكى قەتئىي ئىرادىسىنى نامايان قىلدى.

«ئۇقتۇرۇش تارقىتىلىشى بىلەنلا، خىزمەتداشلارنىڭ دوستلار چەمبىرىكىدە دەرھال ‹ئېكرانىنى قاپلىدى›.» خۇبېي ئۆلكىسى شيەننىڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىكى بىر ئاساسىي قاتلام كادىرى مۇنداق دېدى: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ بىرىنچى سېپىدە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان ئاساسىي قاتلام پارتىيەلىك كادىرلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ، ئېنىقكى «دەل ۋاقتىدا ياغقان يامغۇر» بولدى.

«دەل ۋاقتىدا ياغقان يامغۇر» دېگەنلىك ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش دېگەنلىكتۇر.

«2020 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا، مەن رايونغا پەقەت ئىككى قېتىم بېرىپ يىغىنغا قاتناشتىم» دېدى يۈننەن ئۆلكىسى كۈنمىڭ شەھىرى ۋۇخۇا رايونىدىكى ئاساسىي قاتلام كادىرى چېن يەنكۇن.

ئۇزاقتىن بۇيان، «تۈگىمەس ھۆججەت ۋە ئۈزۈلمەس يىغىن»لار نۇرغۇن ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ «قەلبىدىكى ئازابى» بولۇپ كەلدى. ئىلگىرى، چېن يەنكۇن ھەپتىسىگە ئۈچ قېتىم يىغىنغا قاتناشقاتتى، دائىم يىغىن ئۈچۈن رۇخسەت سوراپ بېشى قاتاتتى. بۈگۈنكى كۈندە يىغىن ئازايدى، مەھەللىلەرگە كىرىدىغان، ئەلرايىنى ئىگىلەيدىغان ۋاقتىمۇ تەبىئىيلا تېخىمۇ كۆپەيدى.

«ھېسابات تۈرغۇزۇش، قاتتىق باشقۇرۇش، ئىبرەتلىك مىسال بولغان تەكشۈرۈش ئىشىنى تۈزىتىش، ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىش» چارىسىنى ئورنىتىش؛ ھۆججەت تارقىتىپ يىغىن ئېچىشتىكى «سەلبىي تىزىملىك»نى چىقىرىش؛ سانىنى ئازايتىش، خادىملارنى ئازايتىش، قارالمىنى ئازايتىش، ۋاقىتنى ئازايتىش، ھەجمىنى ئازايتىشتىن ئىبارەت «بەشنى ئازايتىش» تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇش... بىر يىلدىن بۇيان، ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلار بەس ـ بەستە كاللىسىنى ئىشلىتىپ، «تۈگىمەس ھۆججەت ۋە ئۈزۈلمەس يىغىن»لارنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈشىنى قەتئىي توسۇپ، ھۆججەت، يىغىنلارنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى.

بىر گۇرۇپپا سانلىق مەلۇمات دەل ئۆزگىرىشنىڭ ھەقىقىي كارتىنىسى: 2020 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ياكى مەركىزىي كومىتېت بەنگۈڭتىڭى نامىدا تارقىتىلغان ھۆججەت ئالدىنقى يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 33.7% تۆۋەنلىگەن؛ ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەرنىڭ ھۆججەت ۋە يىغىن سانى ئالدىنقى يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 27.7% ۋە 29.5% تۆۋەنلىگەن؛ مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ھۆججەت ۋە يىغىن سانى ئالدىنقى يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 14.3% ۋە 59.7% تۆۋەنلىگەن.

ھۆججەتنى ئىخچاملاش، يىغىننى ئازايتىشتىكى قاتتىق ئۆلچەمنى ساقلاش ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىش روھىنى تېخىمۇ ئۇرغۇتتى.

گەنسۇ ئۆلكىسى مىنچىن ناھىيەسىدىكى ئاساسىي قاتلام كادىرى جيۇ شۇمېي ئۈچۈن ئېيتقاندا، يۈكنى يېنىكلىتىشتىكى «ئېرىشىش تۇيغۇسى» تۈرلۈك نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش، باھالاش تۈرلىرىنىڭ ئازايتىلىشى ۋە قېلىپلاشتۇرۇلۇشىدىن كەلگەن.

«2019 ـ يىلى تۈرلۈك نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش، باھالاش تۈردىن 41ى بار ئىدى، 2020 ـ يىلى پەقەت 30 تۈر ساقلاپ قېلىندى.» جيۇ شۇمېي مۇنداق دېدى: بۈگۈنكى كۈندە، نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى كەلسە دوكلات ئاڭلىماي، ماتېرىيال كۆرمەي، خىزمەت سۈرئىتى، مەسىلىلەرنى ئۆزلىرى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ ئىگىلەپ، ھەم نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش ئەھۋالىنىڭ ھەقىقىي بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى، ھەم تەكشۈرۈلىدىغان تارماقلارنىڭ يۈكىنى ئېغىرلىتىۋەتمىدى.

كىچىككىنە ئالامەتتىن ئومۇمىيەتنى بىلگىلى بولىدۇ. 2020 ـ يىلىنىڭ يىل بېشىدا، پىلانغا كىرگۈزۈلگەن مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش، باھالاش ئىش تۈرلىرى 2019 ـ يىلدىكى 96 تۈردىن 50 تۈرگە ئازايتىلدى؛ ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەرنىڭ يىللىق پىلانغا كىرگۈزۈلگەن ئىش تۈرلىرى ئالدىنقى يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 30% ئازايتىلدى؛ بەزى «مەركىزىي كومىتېت باش بولغان» «گوۋۇيۈەن باش بولغان» نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش، باھالاشتا يوشۇرۇن زىيارەت قىلىپ ئارىلاپ تەكشۈرۈش، ئايرىم سۆھبەتلىشىش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، «ئالاقە تورى + نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش» بويىچە مەسىلە يىپ ئۇچىنى تەكشۈرۈش، ئېنىقلاش، بىجىرىش يەنىمۇ كۈچەيتىلىپ، خىزمەت ئەمەلىي ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلدى.

ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى ھەقىقىي يېنىكلىتىش ئۈچۈن، ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ قويۇشقىلا، ئېغىزدا دەپ قويۇشقىلا بولمايدۇ، جەزمەن ھەقىقىي، كۈچلۈك ئەمەلىي ھەرىكەت بولۇشى كېرەك.

2020 ـ يىلى يېڭى يىل كىرىشى بىلەن، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، دۆلەت رېۋىزىيە كومىتېتى مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىغا خىلاپ مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا دائىر سانلىق مەلۇماتلارنى «ئايلىق دوكلات»نى ئېلان قىلغاندا، تۇنجى قېتىم بىر مۇھىم سانلىق مەلۇمات ــــ شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىق مەسىلىلىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا دائىر سانلىق مەلۇماتنى ئېلان قىلىپ، شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىقتىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرگە ئېنىق پوزىتسىيە بىلدۈرىدىغان روشەن سىگنال تارقاتتى.

بۇ، مەركەز قاتلامدا شەكلىۋازلىقنى تۈزەپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش مەخسۇس خىزمەت مېخانىزمىغا ئەزا ئورۇنلارنىڭ دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزگەنلىكىنىڭ، نىشانلىق داۋالىغانلىقىنىڭ ئىخچام كارتىنىسى.

پارتىيەمىز تارىخىدا شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىق مەسىلىلىرىنى يېڭىش ئۈچۈن تۇنجى قېتىم قۇرۇلغان مەخسۇس خىزمەت مېخانىزمى بولۇش سۈپىتى بىلەن، بىر يىلدىن بۇيان ئەزا ئورۇنلارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، بىرلىكتە كۈچەپ ماسلىشىپ، شەكلىۋازلىقنى تۈزەيدىغان بىرىۋۇرۇش بىرىكمە مۇشتىنى ئاتتى ــــ

مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، دۆلەت رېۋىزىيە كومىتېتى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە يېقىندىن ئەگىشىپ ماس قەدەمدە ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، سىياسىي نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىشنى ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە خىزمىتىنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىغا سىڭدۈرۈپ، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش، ئاشكارىلاش سالمىقىنى زورايتتى؛

مەركىزىي كومىتېت بەنگۈڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگۈڭتىڭى ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بويىچە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇپ، ھەم مەسىلىلەرنى بايقاشقا دىققەت قىلدى، ھەم مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بەردى؛

مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ بىرىنچى سېپىدە كادىرلارنى تەكشۈرۈش، پەرقلەندۈرۈش ۋە ئۆستۈرۈش سالمىقىنى زورايتتى؛

مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى ئالاقىدار ئاخبارات ئورۇنلىرىنى تەشكىللەپ، كۆپ خىل تاراتقۇ سۈپىسىدىن ئۈنۈپېرسال پايدىلىنىپ، تەشۋىق قىلىش، يېتەكلەش ۋە ئاممىۋى پىكىر نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتتى.

ئاممىنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە چېتىلىدىغان نۇقتىلىق كەسىپ، ساھە ۋە ئالاقىدار گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى مەخسۇس تۈزەپ، كۆچمە ئالاقە تورى ئەمەلىي قوللىنىشچان پروگراممىلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، بارماق ئۇچىدىكى شەكلىۋازلىقنى تۈزەپ، كەنت دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنىڭ يۈكىنى زىيادە ئېغىرلىتىۋېتىش مەسىلىسىنى تۈزەشنى پۇختا ئالغا سىلجىتتى... بىر يىلدىن بۇيان، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش خىزمىتىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كېڭەيتىپ، ھەربىر قاتتىق قىيىنچىلىقنى يەڭدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەخسۇس خىزمەت مېخانىزمىغا ئەزا ئورۇنلار پائال تەدبىر قوللىنىپ، كادىرلارنى مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىشقا رىغبەتلەندۈردى. نۇرغۇن جاي قاتتىق جاۋابكارلىققا تارتىش بىلەن توغرا يۆنىلىشتە رىغبەتلەندۈرۈشنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، خاتالىقنى سىغدۇرۇش، خاتالىقنى تۈزىتىشنى يولغا قويۇش، يېڭىلىق يارىتىپ نەتىجە يارىتىشقا رىغبەتلەندۈرۈش، كادىرلارنى ئاقلاپ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەھەتتە مەخسۇس ھۆججەت چىقىرىپ، كادىرلارنىڭ مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىشتىكى ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئۇرغۇتتى.

يۈكنى يېنىكلىتىش ئۈنۈمىنىڭ ياخشى بولغان ـ بولمىغانلىقىدا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە.

2020 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، مەركىزىي كومىتېت بەنگۈڭتىڭى شەكلىۋازلىقنى تۈزەپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىشنى كۆزىتىش نۇقتىسىدا نۇقتىدا تۇرۇپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى تەشكىللەپ قانات يايدۇردى، تەكشۈرۈش قەغىزى نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، زىيارەتنى قوبۇل قىلغان 85%تىن ئارتۇق كادىر شەكلىۋازلىق ئېلىپ كەلگەن يۈك داۋاملىق يېنىكلەۋاتىدۇ، دەپ قارىغان.

كۆپچىلىكنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىنكاس قىلىشىچە، ھازىر ھەرقايسى جايلاردا شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىقتىن قاتتىق ساقلىنىش ئېڭى يەنىمۇ كۈچەيگەن، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ھەممىسى بۇ كىرىچنى چىڭىتقان، ئاساسىي قاتلامدىكى كادىرلار، ئاممىنىڭ قەلبىدىمۇ بۇ تارازا شەكىللەنگەن. ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىشنى چۈشەپ قويىدىغان «باغلاق» يېشىۋېتىلىپ، تېخىمۇ كۆپ مەسىلە ئاساسىي قاتلامدا ھەل قىلىنغان، تېخىمۇ كۆپ قىيىنچىلىق بىرىنچى سەپتىلا بىر تەرەپ قىلىنغان.

### بوشاشماي كۈرەش قىلىش: ئېسىل ئىستىل ئارقىلىق ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىش

2020 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، دۆلەت رېۋىزىيە كومىتېتى مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىغا خىلاپ مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا ئائىت ئەڭ يېڭى سانلىق مەلۇماتلارنى ئېلان قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، «تۈگىمەس ھۆججەت ۋە ئۈزۈلمەس يىغىننىڭ قايتا باش كۆتۈرۈشى، يېزىقچىلىق ئىستىلى، يىغىن ئىستىلى ئەمەلىي بولماسلىق، توغرا بولماسلىق، نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش، باھالاش زىيادە كۆپ بولۇش، زىيادە تەكرار بولۇش، زىيادە ئىز قالدۇرۇش، ئاساسىي قاتلامغا ئېغىر يۈك پەيدا قىلىش» مەسىلىسىدىن جەمئىي 580ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى.

ئىلگىرىلىگەن نىسبەت گەرچە يۇقىرى بولمىسىمۇ، لېكىن شەكلىۋازلىقنىڭ بەزى يېڭى ئۆزگەرگەن تۈرلىرى، يېڭى يۈزلىنىشىدىن يۈكسەك ھوشيار بولۇشقا توغرا كېلىدۇ.

ھازىر، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش خىزمىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، كېڭەيتىشتە بەلگىلىك نەتىجە ـ ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى، لېكىن بىر قىسىم جايلار، بىر قىسىم ساھەلەر، بىر قىسىم كادىرلاردىكى شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىق جاھىل كېسىلى تېخى يىلتىزىدىن تۈگىتىلگىنى يوق:

بەزىلىرى شەكلىۋازلىقنى تۈزەپ ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىشنى ئاددىيلا قىلىپ ھۆججەتنى ئىخچاملاش، يىغىننى ئازايتىش، نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش، باھالاش سانىنى ئازايتىش دەپ چۈشىنىپ، سۈپەتنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش جەھەتتە يېتەرلىك كۈچ سەرپ قىلمىدى، تەدبىرى كۆپ بولمىدى؛

بەزىلىرىنىڭ ئۆزى ئۆستىدە ئىنقىلاب قىلىش روھى كەمچىل، ئىدىيەۋى مەنبەسىنى قېزىشى يېتەرلىك چوڭقۇر ئەمەس، ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا شەكلىۋازلىق ئۇسۇلى بىلەن شەكلىۋازلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلدى؛

بەزىلىرىنىڭ شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى تۈزەشنىڭ مۇشكۈللۈكى، مۇرەككەپلىكىگە بولغان تونۇشى يېتەرلىك ئەمەس، بىخۇدلۇق ئىدىيەسى ۋە بوشىشىپ قېلىش روھىي ھالىتى كۆرۈلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش دېگەندەك كۈچلۈك بولماسلىق، ئاساسىي قاتلام ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى دېگەندەك كۈچلۈك بولماسلىق، تۈزۈلمە ـ مېخانىزمدا يەنىلا كەمتۈكلۈكلەر، ئاجىزلىقلار مەۋجۇت بولۇش سەۋەبىدىن، بىر قىسىم شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىق مەسىلىلىرىنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈش خەۋپى ۋە نىسبىتى ئېشىپ، سىجىل تۈزەش خىزمىتىگە يېڭى تېخىمۇ يۇقىرى ئۆلچەم ۋە تەلەپ قويدى.

پارتىيەنى قاتتىق ئىدارە قىلىشتا توختاش بەلگىسى يوق، ئىستىل قۇرۇلۇشى مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ.

«بالايىئاپەتنى تۈگىتىشكە ماھىر كىشى ئاۋۋال بالايىئاپەت يۈزبېرىشنىڭ مەنبەسىنى تەكشۈرۈپ تاپىدۇ، كېسەلنى داۋالاشقا ماھىر كىشى ئاۋۋال كېسەلنى مەنبەدىن تۈگىتىدۇ.» شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىقتىن قاتتىق ساقلىنىشتا، جەزمەن ئۇنىڭ ئىدىيەۋى تۈگۈنىنى توغرا تېپىپ، مەسىلىنى تۈپتىن ھەل قىلىش كېرەك.

2020 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىقتىن قاتتىق ساقلىنىش توغرىسىدىكى بىر مۇھىم نەزەرىيەۋى كىتاب پۈتۈن مەملىكەتتىكى كىتابخانىلارنىڭ كىتاب جازىلىرىغا تىزىلدى.

توققۇز مەخسۇس تېما بويىچە ئالاقىدار مۇھىم بايانلاردىن 182 بۆلەك كىرگۈزۈلگەن، 70 نەچچە پارچە مۇھىم ھۆججەتتىن ئېلىنغان، تۇنجى قېتىم نۇرغۇن مۇھىم بايان ئاشكارا ئېلان قىلىنغان...

مەركەز قاتلىمىدىن شەكلىۋازلىقنى تۈزەپ ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش مەخسۇس خىزمەت مېخانىزمىنىڭ تۈرتكە بولۇشى بىلەن تەھرىرلىنىپ نەشر قىلىنغان «شى جىنپىڭنىڭ شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىقتىن قاتتىق ساقلىنىش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىدىن تاللانما» كادىرلارنى تەربىيەلەش ـ يېتىشتۈرۈشتىكى زۆرۈر دەرسلىك ۋە ھەر دەرىجىلىك نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىلىرىنىڭ ئۆگىنىشىدىكى مۇھىم مەزمۇنغا ئايلاندى.

ئاساسىي مۇستەھكەملەپ روھ يېتىلدۈرگەندىلا، ئاندىن قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملىگىلى بولىدۇ. ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش خىزمىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، كېڭەيتىشتە، جەزمەن نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى سىجىل كۈچەيتىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ پارتىيەنىڭ ئوخشاش بولمىغان تارىخىي مەزگىللەردىكى شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇش تەجرىبە ئىلھاملىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىشكە تۈرتكە بولۇپ، كەڭ پارتىيەلىك كادىرلارنى توغرا ھوقۇق قارىشى، سىياسىي نەتىجە قارىشى، كەسىپ قارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشقا تەربىيەلەش، يېتەكلەش كېرەك.

يۇقىرىدىكىلەر بىلەن تۆۋەندىكىلەر بىر نىيەتتە بولسا غەلىبە قىلغىلى بولىدۇ، يۇقىرىدىكىلەر تۆۋەندىكىلەرگە باشلامچى بولسا كۈچلۈك بولغىلى بولىدۇ.

2020 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئاچقان بىر قېتىملىق يىغىن ھەرقايسى جايلارغا ئۈلگە بولدى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)